# «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدە مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشى، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشقا، كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشقا باب كېلىشى، دېھقانلارنىڭ باي ـ باياشات بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى مۇستەھكەملەش ئەھۋالىنى نۇقتىلىق كۆزىتىپ ئۆلچەپ، داۋاملىق دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلغان رايونلارغا قارىتا كەسىپ ئارقىلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، تېخنىكا، ئەسلىھە، ماركېتىڭ قاتارلىقلاردىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، كەسىپنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. باشقا جايغا كۆچۈرگەندىن كېيىنكى داۋاملىق يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ياندىش ئۇل ئەسلىھە ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەتنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەت باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، كۆچۈرۈلگەن ئاممىنىڭ مۇقىم تۇرالايدىغان، ئىشقا ئورۇنلىشالايدىغان، تەدرىجىي بېيىيالايدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرى تاماملانغاندىن كېيىن، نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ناھىيەلەرگە قارىتا نامراتلىقتىن قۇتۇلغان كۈندىن باشلاپ بەش يىللىق ئۆتكۈنچى مەزگىل تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. ئۆتكۈنچى مەزگىلدە ئاساسلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سىياسەتلىرىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك. ھازىر بار بولغان ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سىياسەتلىرىنى تۈرلەر بويىچە ئايرىپ، ئەلالاشتۇرۇپ تەڭشەپ، تەڭشەشنىڭ رىتىمى، سالمىقى، ۋاقىت چېكىنى مۇۋاپىق ئىگىلەپ، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنى قوللاشتىن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشقا سىلىق، مۇقىم ئۆتۈشنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاشلىق بىخەتەرلىكىدىكى تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يىلمۇيىل چىڭ تۇتۇش كېرەك. 1 مىليارد 800 مىليون مو تېرىلغۇ يەر قىزىل سىزىقنى قاتتىق قوغداپ، چىڭ ساقلاپ، ئەڭ كۈچلۈك بولغان قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئەڭ قاتتىق بولغان تېرىلغۇ يەرنى قوغداش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز بەرپا قىلىپ، قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىكتىمۇ ھوسۇلغا كاپالەتلىك قىلىش، يۇقىرى ھوسۇللۇق، مۇقىم ھوسۇللۇق بولۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. قارا تۇپراقنى قوغداشنى چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتۇپ، قارا تۇپراقتىن ياخشى پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ياخشى ئاسراش كېرەك. يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىدا ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكا ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش كېرەك. دېھقانلارنىڭ ئاشلىق تېرىش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئاشلىق تېرىيدىغان دېھقانلارغا ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ۋە كۈچەيتىپ، سېتىۋېلىش، ساقلاش، تەڭشەش ـ تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئەڭ تۆۋەن سېتىۋېلىش باھاسى سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، تولۇق تەننەرخ ۋە كىرىم سۇغۇرتىسى دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئاشلىق بىخەتەرلىكىدىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، پارتىيە كومىتېتى، ھۆكۈمەت تەڭ مەسئۇل بولۇش، «ئاشلىق»قا ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش، شۇجىمۇ مەسئۇل بولۇشنى يولغا قويۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، سورت يېتىشتۈرۈش، ئەلالاشتۇرۇش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، سۈپەتلىك ماركا بەرپا قىلىش ۋە ئۆلچەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. تېرىك چوشقا ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، كەسىپلەرنىڭ مۇقىم تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كارخانىلارنىڭ سىرتقا چىقىشىنى قوللاش كېرەك. يېمەك ـ ئىچمەك ئىسراپچىلىقىنى قەتئىي بوشاشماي چەكلەش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشنىڭ چوڭقۇرلۇقى، كەڭلىكى، قىيىنلىقى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىن قېلىشمايدۇ، جەزمەن يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىرلەر، تېخىمۇ قۇدرەتلىك كۈچلەرنى مۇجەسسەملەش ئارقىلىق ئالغا سىلجىتىش كېرەك. بىرىنچى، يېزا ـ كەنت كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىپ، كەسىپلەرنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ماسلىشىپ، مەۋقەنى يەرلىكنىڭ خاس بايلىقىغا قويۇپ، يېزا ـ كەنت كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، زورىيىشىغا تۈرتكە بولۇپ، كەسىپ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مەنپەئەت باغلانما مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېھقانلارنى كەسىپ قوشۇلما قىممەت پايدىسىدىن تېخىمۇ كۆپ بەھرىلەندۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئەدەپ ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، يېزىلاردىكى كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، مەدەنىي يېزا ئىستىلى، ياخشى ئائىلە ئىستىلى، ئاددىي ـ ساددا خەلق ئىستىلىنى شەكىللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. ئۈچىنچى، يېزا ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن يېزا ئىگىلىكنىڭ دائىرىلىك، مەنبەلىك بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەشنى ئالغا سىلجىتىپ، تۇپراقنىڭ بۇلغىنىشى، يەر ئاستى سۈيىنى زىيادە تارتىش، سۇ ـ تۇپراق ئېقىپ كېتىش قاتارلىقلارنى تۈزەش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. تۆتىنچى، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزىلاردىكى نۇقتىلىق ساھەلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، يېزا بايلىق ئامىللىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش، قوغداش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئىجادىيىتىگە ھۆرمەت قىلىپ، ئىسلاھاتتا ئۈزلۈكسىز يېڭى بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك. بەشىنچى، يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشى ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، داۋاملىق تۈردە ئاممىۋى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېزىلارغا قويۇپ، شەھەر، يېزىلارنىڭ ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمىتىنى باراۋەرلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشقا سىجىل كۈچەپ، ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق، تولۇق كاپالەتلىك، ئۇل خاراكتېرلىك خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىپ، ھاجەتخانىلارنى ئۆزگەرتىش ۋە يۇندىنى، ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى نۇقتىلىق ياخشى تۇتۇش كېرەك. كەنت ـ مەھەللىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تۈرگە ئايرىشنى مۇۋاپىق بېكىتىپ، ئەنئەنىۋى كەنت ۋە يېزا ـ كەنتلەرنىڭ خاس قىياپىتىنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئالتىنچى، شەھەر، يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىدا ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، شەھەر، يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكتىن يۆتكەلگەن ئاھالىنىڭ شەھەر ئاھالىسىگە ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ناھىيە تەۋەلىرىنى شەھەر، يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىدىكى مۇھىم كىرىش نۇقتىسى قىلىپ، ناھىيە دەرىجىلىك جايلارغا بايلىقنى بىرىكتۈرۈپ ئىشلىتىشتە تېخىمۇ كۆپ ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقى بېرىپ، ناھىيە بازارلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. يەتتىنچى، يېزا ـ كەنت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، پارتىيە تەشكىلاتى رەھبەرلىكىدىكى يېزا ـ كەنت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىپ، تىنچ يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ـ كەنت ئىدارە قىلىش شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنىڭ ياخشى ئىدارە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيەنىڭ «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىگە بولغان ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تېخىمۇ زور سالماق بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ئاساسلىق زېھنىنى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىگە قويۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشتىكى «بىرىنچى سەپ باش قوماندانى» بولۇشى كېرەك. يېزا ـ بازار رەھبەرلىك بەنزىسى، كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ئەزالىقىغا، بولۇپمۇ كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىلىقىغا ئەلالارنى تاللاش، كۈچلۈكلەرنى سەپلەش كېرەك. ئاساسىي قاتلامنى تۇتۇش، ئاساسنى كۈچەيتىش، ئاساسنى پۇختىلاشتىن ئىبارەت خىزمەت يۈنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈرلۈك بايلىقلارنىڭ ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئاساسىي قاتلامدا ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى شارائىت يارىتىش كېرەك. سىياسىي جەھەتتە قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان، قابىلىيەت جەھەتتە قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان، ئىستىل جەھەتتە قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش كادىرلار قوشۇنى قۇرۇپ، بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كادىرلارنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىرىنچى سېپىدىكى ئىش ئورنىغا تاللاپ ئەۋەتىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش، چېنىقتۇرۇشنىڭ كەڭ سەھنىسى قىلىش كېرەك. تۈرلۈك ئىختىساسلىقلارنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش داۋامىدا تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىشقا جەلپ قىلىپ، كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى قوزغىتىش كېرەك.

لى كېچياڭ يىغىندا رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىدە، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان دۆلىتىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى، يېزا تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر، بارلىققا كەلگەن تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەر ئومۇمىيۈزلۈك يەكۈنلەندى، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش پۈتۈن ۋەزىيىتىدىن چىقىش قىلىنىپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، يېتەكچى ئىدىيەسى، ئومۇمىي تەلىپى چوڭقۇر شەرھلەندى، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدا «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى بىر قاتار مۇھىم، زور نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت مەسىلىلىرىگە ئىلمىي جاۋاب بېرىلدى. بۇ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى دەۋردە «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چۆرىدەپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، كېلەر يىللىق ھەم «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى خۇ چۈنخۇا خۇلاسە سۆزىدە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ھەرىكەت پروگراممىسى ۋە تۈپ مىزانى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنى چىڭ تۇتۇپ پىلانلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، ئاشلىق ۋە مۇھىم يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەشنى ياخشى تۇتۇپ، يېزا ـ كەنت كەسىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئۇل تىرىكىنى پۇختىلاپ، ئۇرۇقچىلىقتا قەد كۆتۈرۈش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، يېزا كەنت قۇرۇلۇشى ھەرىكىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك قوزغاپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى شەھەر، يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ـ كەنت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «14 ـ بەش يىل»نىڭ ياخشى باشلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكرى(مۇزاكىرە نۇسخىسى)» مۇزاكىرە قىلىندى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ قىسمەن ئەزالىرى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتىكى ئالاقىدار رەھبىرىي يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

مەركەز يېزا خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر ۋە پىلانى ئايرىم شەھەرلەر، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار ۋە يېزا ئىگىلىكى، يېزا خىزمىتىگە مەسئۇل يولداشلار، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلار، ئالاقىدار خەلق تەشكىلاتلىرى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ئورگىنىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەندە شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى.

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

## ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات مەبلىغىنى باشقۇرۇش چارىسىنى چىقاردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل ناسىر**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش، مەبلەغنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىشلىتىشنى ئالغا سىلجىتىش، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى، يېزا نازارىتى بىرلىكتە «ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات مەبلىغىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تۈزگەن. بۇنىڭدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات مەبلىغىدە بىۋاسىتە ياردەم پۇلى بېرىش، ئاۋۋال قۇرۇپ ئاندىن تولۇقلاش، ياردەم پۇلى ئورنىغا مۇكاپات بېرىش، كېپىل بولۇپ ياردەم پۇلى بېرىش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلىپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىلىدىكەن.

«چارە»دە ئېيتىلغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات مەبلىغى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون مالىيەسى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش، يېزا ئىگىلىكنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان ئورتاق مالىيە ئىش ھوقۇقى يۆتكىمە چىقىم مەبلىغىنى كۆرسىتىدۇ.

مەركەزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات مەبلىغى ئاساسلىقى تېرىلغۇ يەرنىڭ مۇنبەتلىكىنى قوغداش چىقىمى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش ياردەم تولۇقلىمىسى چىقىمى، يېزا ئىگىلىكنىڭ يېشىل تەرەققىياتى ۋە تېخنىكا مۇلازىمىتى چىقىمى، يېزا ئىگىلىك تىجارەت شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىش چىقىمى، يېزا ئىگىلىك كەسىپ تەرەققىيات چىقىمى، مەركەز بېكىتكەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى قوللايدىغان باشقا نۇقتىلىق خىزمەتلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش ياردەم تولۇقلىمىسى چىقىمى جەھەتتە، ئاساسلىقى ئىلغار، قوللىنىشچان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا، ھەمدە بىراك قىلىپ يېڭىلاش ۋە ئالاقىدار يېڭىلىق يارىتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەرنى قوللاشقا ئىشلىتىلىدۇ؛ يېزا ئىگىلىكنىڭ يېشىل تەرەققىياتى ۋە تېخنىكا مۇلازىمىتى چىقىمى جەھەتتە، ئاساسلىقى نۇقتىلىق زىرائەتلەرنىڭ يېشىل، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، سۈپەتلىك بولۇشى، قۇرغاق يەرلەردە سۇ تېجەيدىغان يېزا ئىگىلىكى، مېۋە ـ چېۋە، كۆكتات، چايغا ئىشلىتىلىدىغان ئورگانىك ئوغۇتنى خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش، سۈپەتلىك ئۇرۇقنى ياخشى ئۇسۇلنى ئىشلىتىش تېخنىكىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىق جەھەتلەرنى قوللاشقا ئىشلىتىلىدۇ؛ يېزا ئىگىلىك تىجارەت شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىش چىقىمى جەھەتتە، ئاساسلىقى يېڭىچە يېزا ئىگىلىك تىجارەت سۇبيېكتلىرىنى يېتىشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەت قىلىش، يۇقىرى ساپالىق دېھقانلارنى يېتىشتۈرۈش پىلانى قاتارلىق جەھەتلەرنى قوللاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات مەبلىغى ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات چىقىمى، چارۋىچىلىق تەرەققىيات چىقىمى، ئاپتونوم رايون بېكىتكەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى قوللايدىغان باشقا نۇقتىلىق خىزمەتلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

يېزا ئىگىلىك كەسىپ تەرەققىيات چىقىمى ئاساسلىقى ئەۋزەل، خاس كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتى، سۈتچىلىكنى گۈللەندۈرۈش ھەرىكىتى ۋە چارۋا، ئۆي قۇشلىرى ساغلام باقمىچىلىقى، دۆلەتنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسىپلەر باغچىسى ۋە يېزا ئىگىلىك كەسىپىدىكى كۈچلۈك بازار قاتارلىق يېزىلاردىكى 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى، جۇغراپىيەلىك بەلگىگە ئىگە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەرنى قوللاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

«چارە»دە مۇنداق بەلگىلەندى: يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات مەبلىغىنىڭ قوللاش ئوبيېكتى ئاساسلىقى دېھقان، چارۋىچىلار، يېڭىچە يېزا ئىگىلىك تىجارەت سۇبيېكتلىرى ھەمدە تۈر ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇن ۋە شەخسلەر بولىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئاشلىق بىخەتەرلىكى دۆلەت خەۋپسىزلىكىنىڭ مۇھىم ئاساسى بولۇپ، پۈتۈن ۋەزىيەتكە مۇناسىۋەتلىك، مەسئۇلىيىتى مۇھىم، زور. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار سىستېما قارىشىنى كۈچەيتىپ، تەرەققىيات بىلەن بىخەتەرلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئاشلىق بىخەتەرلىكى تۆۋەن چېكىنى ساقلاپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مۇھىم ھالقىنى ئىگىلەپ، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولغان ئاشلىق بىخەتەرلىكى كاپالەت سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىشى كېرەك. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يەرگە باغلاش، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېخنىكىغا باغلاش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك بايلىقلىرىنى ئالدىن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىشقا يېتەكلەپ، ئاشلىق ھوسۇلىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ھوسۇلنى ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئاشلىقنى زاپاس ساقلاش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، بازارنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كۆزلىمە يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، زاپاس ساقلاپ باشقۇرۇشنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇپ، تەمىنلەشنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئاشلىق ئوبوروت ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىش رايونلىرىنىڭ ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «ئەلا سۈپەتلىك ئاشلىق قۇرۇلۇشى»نى تېزلىتىپ، ئاشلىق، ياغ بازىرىدا تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش، باھانى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ئۆلكە باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى ۋە ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە ۋالىي، ئوبلاست(شەھەر) باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئاپتونوم رايون ئىچىدە تەڭپۇڭ بولۇش، بىر ئاز ئېشىنچا بولۇش»تىن ئىبارەت ئاشلىق خىزمىتى فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش، زاپاس ساقلاش ۋە ئوبوروت ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاش كېرەك. كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تەدبىرلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، تەپەككۇردا يېڭىلىق يارىتىپ، ساقلانغان كەمتۈكلۈك، ئاجىز تۈرلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتلەپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئاشلىقنى قەدىرلەش، ئاشلىقنى تېجەش تەشۋىقات ـ تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئاشلىقنى تېجەشنى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان قويۇق ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىپ، ئىلمىي، مەدەنىي يېمەك ـ ئىچمەك ئىستېمال شەكلىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، «يېمەكلىكنى ئىسراپ قىلماسلىق ھەرىكىتى»نى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ، ئاشلىق ئىسراپچىلىقىنى توسۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لىيۇ سۇشې يىغىنغا قاتناشتى.